# 389002 - مەني نجىس دېگەن قاراشقا كۆرە، كۆرپىگە يۇقۇپ قالغان مەني ئىنساننىڭ نەم جىسمىغا يۆتكىلەمدۇ؟

## سوئال

ئىھتىلام بولغاندا يوتقان ۋە كۆرپىلەرگە مەني يۇقۇپ قالىدۇ، مەن مەني نجىس دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىمەن، ئەگەر مەني يۇقۇپ قالدى دەپ كەسكىن قىلساق، مەن ئوقۇغۇچى، ياتاقتا باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە تۇرىمەن، ھەر قېتىمدا كۆرپىلەرنى يۇيۇش قىيىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنى ئەسرى قالمايدىغان ھۆكمى نجاسەت دەپ شۇ ھالەتتە قويىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ بەدىنىم نەم ياكى ئۇ نەرسە نەم ھالەتتە ئولتۇرىمەن، مەن ئىمام مالىكنىڭ نجاسەت يۆتكەلمەيدۇ دېگەن قارىشىغا ئەمەل قىلىمەن، مېنىڭ قىلغىنىم توغرا بوپتۇمۇ؟، مېنىڭ ئادا قىلغان نامازلىرىمنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، چۈنكى مەن نەم يەردە ئولتۇرغان كىيىملىرىم بىلەن ناماز ئادا قىلىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

## مەني پاكىزمۇ ياكى

مەني پاكىزمۇ ياكى نجىسمۇ دېگەن مەسىلىدە پىقھى ئالىملىرى ئىككى خىل قاراشتا بولدى، ئىمام شاپىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد پاكىز دېگەن قاراشتا بولۇپ، بۇلارنىڭ دەلىلى كۈچلۈك، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئىمام مالىك نجىس دېگەن قاراشتا بولدى. بۇ ھەقتە 170012-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: مەني نجىس دېگەن قاراشقا كۆرە، ئىنسان ئىھتىلام بولغاندا، كۆرپىسىگە مەني يۇقۇپ قىلىش ئىبراق ئىش، چۈنكى مەني ئاساسەن كىيىمگە يۇقىدۇ، كۆرپىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ئىنسان ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قىلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ ئەڭ ناچار كېسەللىكتۇر.

كۆرپىگە مەني يۇقۇپ قالدى دەپ قارىساق، مەني قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا، ئۇ يەردە ياكى كۆرپىدە نەملىك تېپىلمىسا نجىس بولمايدۇ، ئىككى قۇرۇق نەرسىنىڭ ئارىسىدىن نجاسەت

يۆتكەلمەيدۇ.

مالىكى مەزھەپ قارىشىدا، نىجاسەت سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن يوق قىلىنغاندا، گەرچە نەملىك قالسىمۇ نىجاسەت باشقا نەرسىگە يۆتكەلمەيدۇ.

مالىكى مەزھىبىدىكى ئالىم خەلىل ئۆزىنىڭ "مۇختەسەر" كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: "نىجاسەت سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن يوق قىلىنغاندا، ئۇ ۋاقىتتا گەرچە نەملىك قالسىمۇ نىجاسەت باشقا نەرسىگە يۆتكەلمەيدۇ.

"مەۋاھىبۇل جەلىلنىڭ شەرھىسىدە" ھەتتاب مۇنداق دەيدۇ: " نىجاسەت سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن يوق قىلىنغاندا، يەنى ئازراق سۈيۈق ماددا قېتىپ ياكى سۇدىن باشقا سىركە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن نىجاسەتنى يوق قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بىز نىجاسەتنىڭ ئورنى پاكىز بولمايدۇ دەيمىز، ئۇ ئورۇن نىجىس دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئۇ يەردە ناماز ئادا قىلىش توغرا بولمايدۇ، ئاندىن كېيىن، ئاشۇ نەم يەرگە بىر نەرسە تەگسە ياكى ئۇ جاي قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياكى نەم ھالىتىدە نەم نەرسىنى شۇ يەرگە قويسا، ئۇنىڭغا تەككەن نەرسە نىجىس بولامدۇ ياكى نىجىس بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار، ئىززىبنى ئابدۇسالام، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقا ئالىملار نىجىس بولمايدۇ دېگەن قاراشتا بولغان".

ئىلىش دېگەن ئالىم "مەنھۇل جەلىل" ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-توم 73-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "نىجاسەت سۇدىن باشقا گۈل سۈيى، چېچەك سۈيى دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن يوق قىلىنغاندا، ئۇ ئورۇندا نەملىك قالسا، بۇنىڭغا نەم ياكى قۇرۇق نەرسىلەر تەگسە ياكى قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن نەم نەرسە تەگسە، ئۇ يەرگە تەككەن نەرسە نىجىس بولمايدۇ،  بۇ مەنىي نىجىس دېگەن قاراشتىكى مەزھەبنىڭ قارىشىدۇر".

ئاپتۇرنىڭ: نىجاسەتنىڭ ئورنى قۇرۇغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە نەم نەرسە تەگسە دېگەن سۆزىگە كۆرە:
نىجاسەتنىڭ ئۆزى مۇتلەق سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن يوق قىلىنغاندا، نىجاسەتنىڭ ئۆزى يوقالمىسىمۇ قۇرۇپ قالغان بولسا بۇنىڭغا نىجىسلىقنىڭ ھۆكمى تەتبىقلانمايدۇ دېمەكتۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.